سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# شېنجوۋ ئالەمگە ئۇچتى

2005 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئالەم ئۇچقۇچىسى فېي جۈنلۇڭ، نيې خەيشېڭلار ئولتۇرغان شېنجوۋ ـ 6 نامىلىق ئادەملىك ئالەم كېمىسى بوشلۇققا ئوڭۇشلۇق كۆتۈرۈلدى.

دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى ئىشلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۇلۇغ تارىخىي مۇساپىسىدە تەدبىر بەلگىلەپ يولغا قويۇلدى ۋە ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلدى. 1986 ـ يىلى ئادەملىك ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش «863 پىلانى»غا كىرگۈزۈلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1992 ـ يىلى ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تارىخىي بۆسۈشنى قولغا كەلتۈردى. 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سەھەردە، چاڭچېڭ نامىلىق راكېتا دۆلىتىمىز ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىغان شېنجوۋ ـ 1 نامىلىق ئادەمسىز تەجرىبە ئالەم كېمىسىنى ئېلىپ تۇنجى قېتىم ئالەم بوشلۇقىنى زىيارەت قىلدى. شېنجوۋ ـ 1 نامىلىق تەجرىبە ئالەم كېمىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىشى ۋە قايتۇرۇپ كېلىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسىنىڭ مۇھىم، زور بۆسۈشكە ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا، جۇڭگونىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، غەلىبە خەۋەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تارقالدى. 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئالەم ئۇچقۇچىسى ياڭ لىۋېي ئولتۇرغان دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى ئادەملىك ئالەم كېمىسى شېنجوۋ ـ 5 مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى، جۇڭگو بۇنىڭ بىلەن روسىيە ۋە ئامېرىكىدىن قالسا دۇنيادا ئادەملىك ئالەم قاتنىشى پائالىيىتىنى مۇستەقىل قانات يايدۇرالايدىغان ئۈچىنچى دۆلەتكە ئايلاندى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىدا يەنە يېڭى ھالقىش بولدى، 2005 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، دۆلىتىمىز شېنجوۋ ـ 5تە «بىر ئادەم بىر كۈن» ئالەمگە ئۇچۇشتىن شېنجوۋ ـ 6دە «كۆپ ئادەم كۆپ كۈن» ئالەمگە ئۇچۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. فېي جۈنلۇڭ، نيې خەيشېڭنىڭ 115 سائەتلىك ئۇچۇش مۇساپىسىدە ئالەم بوشلۇقىدا ئۇچۇش تېخنىكىسىدا بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپلا قالماي، يەنە جۇڭگونىڭ ئادەم قاتناشقان تۇنجى بوشلۇق ئىلمىي تەجرىبىسى تاماملاندى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىدىكى «ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئىككىنچى قەدەمنى بېسىشىدىكى مۇھىم باشلىنىش، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە يەنە بىر ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شېنجوۋ ـ 6 دىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى قەدەم تاشلاندى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش
## باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، پۇختىلاشتا تۈرتكە بولۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى تۆت بەنزە ئەزالىرى ئايرىم ـ ئايرىم ئېچىلغان مەخسۇس تېمىلىق يىغىندا مەسىلە يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، «مىزان» «نىزام» ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە سېلىشتۇرۇپ سۆز قىلدى ھەم ئۆزئارا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. كۆپچىلىك ئۆزىگە تەتبىقلاش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاش، خىزمەتكە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ كۆزەتكەن مەسىلىلەر كەڭ، سەۋەبنى ئانالىز قىلىشى چوڭقۇر، تۈزىتىش تەدبىرلىرى كۈچلۈك بولدى، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىدىيەۋى تاۋلىنىشنى ۋە پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يەتتى.

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىندا، بەنزە ئەزالىرى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تىزىپ چىقىپ، كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تەھلىل قىلىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەربىر بەنزە ئەزاسى سېلىشتۇرۇپ سۆز قىلغاندىن كېيىن، باشقا بەنزە ئەزالىرى سەممىي، ئوچۇق ـ يورۇق، گەپ ئەگىتمەي، قىلچە يوشۇرماي تەنقىدىي پىكىر بەردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئېچىش ئارقىلىق بەنزە ئەزالىرىنىڭ پىكىر يولى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، يۈزلىنىشى تېخىمۇ روشەنلەشتى، بىرىكمە كۈچى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئىتتىپاقلىشىپ ئىش قىلىش غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى.

مەخسۇس تېمىلىق يىغىندا قومۇل شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىردەك مۇنداق قارىدى: باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قومۇلنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكشۈرىمىز.

ئىلى سېفەن داشۆسى پارتكومىنىڭ بەنزە ئەزالىرى پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىنى ئېچىشنى پۇرسەت بىلىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، تېپىپ چىققان مەسىلىلەرنى باش تېما تەربىيەسىدىكى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىلگەن ھامان تۈزىتىشتە چىڭ تۇردى. مەسئۇل تارماقلارنىڭ مەسىلىسىگە قارىتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېتىراپ قىلىپ مەسئۇل بولۇپ، بىر ـ بىرلەپ تۈزىتىپ، بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقەررەر ھالدا ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ كۆزەتكەن مەسىلىلەرنى رەتلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىدىيەۋى مەسىلە ۋە خىزمەت مەسىلە تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ، ھەم گەۋدىلىك، ھەم مۇھىم مەسىلىلەرنى بېكىتىپ، ئۇنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۈزلىنىشى قىلدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنپى، شيا چىڭ، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن رېن خۇڭفاڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ساۋ يىگۇاڭ، ئەن يەن، ياڭ جىڭبى، پاڭ جۈن، ليۇ ۋېنخۇا يازغان)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «چېگرانى قوغداش قەھرىمانى» مىبې كەيچۈن: جۇمھۇرىيەتنىڭ بىخەتەرلىك توسۇقى بولۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لەي شىڭ)** «بىر مۇنەۋۋەر جەڭچى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىنىڭ بىخەتەرلىك توسۇقىدۇر.» مىبې كەيچۈن كۈندىلىك خاتىرىسىگە شۇنداق يازغان. 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە كىرگىنىگە بىر يىل بولمىغان ئۇ، ئاۋېن خېڭشېڭ بانكىسىنى قوراللىق بۇلىغاندىن كېيىن جۇخەيگە قېچىپ كەتكەن تۆت قارا نىيەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئىسسىق قېنى بىلەن چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىنى بويىغان، قۇربان بولغان چاغدا ئەمدىلا 18 ياشتا بولۇپ، ھاياتى ئارقىلىق چېگرا مۇداپىئە مەدھىيە ناخشىسىنى يازغان.

مىبې كەيچۈن، 1974 ـ يىلى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جيۇجياڭ شەھىرى پېڭزې ناھىيەسىدىكى بىر يېزا ئوقۇتقۇچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە كىرىپ، قوراللىق ساقچى قىسىم گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى 5 ـ تارماق ئەترىتى زاپاس ئوتتۇرا ئەترىتىدە جەڭچى بولغان.

1992 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردە، مىبې كەيچۈن جۇخەي شەھىرى بىلەن ئاۋېن چېگرالىنىدىغان چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتاتتى. ئۇ چارلاپ گوڭنزاكوۋغا تەخمىنەن 800 مېتىر قالغان جايغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئۈچ ـ تۆت قارا كۆلەڭگىنىڭ ئۇدۇلدىكى ئاۋېن تەرەپتىن تىمىسقىلاپ، دېڭىز سۈيى پەسەيگەن يايۇك دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، تېز سۈرئەتتە بىز تەرەپتىكى سىم قاشاغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان، بۇ قارا نىيەتلەر ئاۋېندا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق شياڭگاڭ پۇلىنى بۇلىغاندىن كېيىن، ئىچكىرى رايونلارغا يوشۇرۇن كىرىشكە تەييارلانغانىدى.

مىبې كەيچۈن تۆت قارا نىيەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، «توختا!» دەپ توۋلىغان. ئارقىدىنلا ئاسمانغا بىر پاي ئوق ئېتىپ، قارا نىيەتلەرنى ئاگاھلاندۇرغان. تۇيۇقسىز ۋارقىرىغان بۇ ئاۋازدىن ۋە ئوق ئاۋازىدىن قارا نىيەتلەر تەمتىرەپ تۇرۇپ قالغان. مىبې كەيچۈن دەرھال ئۇلارنى سىم قاشادىن ئۆمىلەپ كېلىشكە بۇيرۇغان ھەمدە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئۇلارنى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈشكە بۇيرىغان، ئاندىن ئۇلارنى سوراق قىلغان.

مىبې كەيچۈننىڭ يالغۇزلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قارا نىيەت 10 مىڭ يۈەن شياڭگاڭ پۇلىنى يەرگە قويۇپ: «بۇنىڭغا چاي ئىچكىن، بىزنى قويۇۋەت!» دېگەن.

مىبې كەيچۈن قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ: «بولمايدۇ! ياۋاشلىقچە مەن بىلەن ئوتتۇرا ئەترەتكە بېرىپ مەسىلەڭنى تاپشۇرۇش!» دېگەن.

قارا نىيەتلەر يەنە 10 مىڭ يۈەن شياڭگاڭ پۇلنى مىبې كەيچۈننىڭ ئالدىغا قويۇپ ھەم يەنە بىر تومپىيىپ تۇرغان ھەميانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئەگەر بىزنى قويۇپ بەرسەڭ، يەنە 100 مىڭ يۈەن قوشۇپ بېرىمىز» دېگەن.

مىبې كەيچۈن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قارا نىيەتكە: «خام خىيال قىلما! سەن ھەرقانچە كۆپ پۇلغىمۇ مېنى سېتىۋالالمايسەن!» دەپ ۋارقىرىغان. ئۇ قارا نىيەتلەرنى ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىپ، ئوتتۇرا ئەترەتكە يالاپ ئېلىپ مېڭىشقا تەييارلانغان. 20 نەچچە مېتىر ماڭغاندا، ئەڭ كەينىدە كېتىۋاتقان بىر قارا نىيەت تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن مىبې كەيچۈننى قۇچاقلىۋالغان ھەمدە باشقا ئۈچ شېرىكىگە: «ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەيلى!» دېگەن.

باشقا ئۈچ قارا نىيەت ئېتىلىپ كېلىپ مىبې كەيچۈننى كۈچەپ يەرگە باسقان، مىبې كەيچۈن جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ چاغدا قارا نىيەتلەر مىبې كەيچۈننىڭ ئىككى پۇتىنى قۇچاقلاپ، ئۇنى يەرگە يىقىتقان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قوراللىق قارا نىيەت تاپانچىنى چىقىرىپ مىبې كەيچۈننىڭ كۆكرىكىگە توغرىلىغان.

مىبې كەيچۈن: «مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ، سىلەرنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن!» دېگەن. قوراللىق قارا نىيەت مىبې كەيچۈنگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتقان. باشقا قاراۋۇللۇق ئورنىدىكى قاراۋۇللار بۇنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەندە، قاتىللار ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن بولۇپ، سايىسىمۇ كۆرۈنمىگەن. ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن، ھەربىي سەپكە كىرگىنىگە بىر يىل بولمىغان مىبې كەيچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

«كەيچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدى، پوستتا تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلىش ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى.» مىبې كەيچۈننىڭ دادىسى مىبې ماۋشېڭ ئەسلەپ، 28 يىل ئىلگىرى مىبې كەيچۈن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ كەيچۈنگە قىسىمغا بارغاندىن كېيىن جەزمەن بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ، قوماندانلىققا بويسۇنۇپ، قىسىمدا كىشىلىك ھايات قىممىتىنى نامايان قىلىشنى تاپىلىغانلىقىنى ئېيتتى.

مىبې كەيچۈن قۇربان بولغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا «چېگرانى قوغداش قەھرىمانى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىبې كەيچۈننى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ۋە ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلدى.

«كەيچۈننىڭ تاللىشى توغرا، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسى كىشىلەرنىڭ قوغدىشىغا موھتاج.» مىبې ماۋشېڭ ۋە ھەمراھى 2017 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىمى ئالدىدا ئوغلى ھايات ۋاقتىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن جايغا كېلىپ، ئۇ چارلاپ خىزمەت قىلغان جۇخەي ـ ئاۋېن چېگرا مۇداپىئە بىرىنچى سېپىنى ئايلىنىپ، ئوغلىنىڭ تاللىشىنى تېخىمۇ چۈشەندى.

# ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قوغدىغۇچىسى: ياڭ چېچۆەن



**ياڭ چېچۆەننىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).**
**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شيۇڭيىڭ، ماۋ شىن)** نوپۇس ساقچىسى بولغان مەزگىلدە ئاھالىلەر بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، تەۋەلىكنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ مۇھىم، زور دېلو يۈز بەرمىگەن. ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، دائىم ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، دېلولارنى ئارقا ـ ئارقىدىن پاش قىلىپ، ئۆزى مەسئۇل بولغان كارخانىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمىتىگە نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، كارخانىلار تەرىپىدىن «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قوغدىغۇچىسى» دەپ تەرىپلەنگەن، ئۇ دەل ئىنقىلابىي قۇربان ياڭ چېچۆەن.

ياڭ چېچۆەن 1956 ـ يىلى تۇغۇلغان، فوشەن سەنشۈي ناھىيەسىنىڭ داتاڭ بازىرىدىن. 1975 ـ يىلى، ياڭ چېچۆەن داتاڭ بازىرىنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئەترىتىگە قاتناشقان ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، شۇ يىلى چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە قاتناشقان. 1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ياڭ چېچۆەن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شەھەر رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىدە خەلق ساقچىسى بولغان. باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى خۇڭچياڭ ئاھالىلەر كومىتېتى يۈگەن ساقچىخانىسىغا قاراشلىق رايوندىكى ئەڭ چوڭ ئاھالىلەر كومىتېتى بولۇپ، شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان ئورۇنغا جايلاشقان، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى، سۇ ئۈستى ئاھالىلىرى، يېزا ـ كەنت ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئامانلىق ئەھۋالى مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ دائىم كوچا باشقارمىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەۋەلىكتىكى ئەھۋاللار بىلەن تونۇشقان، بەزىدە باشقا خىزمەت سەۋەبىدىن مەسئۇل بولغان رايونغا كۈندۈزى بارالمىسا، كەچتە ۋاقىت چىقىرىپ ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئەھۋال ئىگىلىگەن. بۇ بۆلەكنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان.

1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ياڭ چېچۆەن يۈگەن ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقلىقىنى ئۆتەپ، دائىم ئاھالىلەر ئارىسىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىگەن، كەچتە يەنە ھەممە يەرنى قويماي چارلىغان. 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، تەۋەلىك رايوندىكى بىر زاۋۇتتا پەۋقۇلئاددە زور دېلو يۈز بەرگەن. ئەينى چاغدا ئۇ ئېغىر ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى، دېلونى ۋاقتىدا پاش قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئاغرىققا چىداپ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە چېڭيۈەن، گۇاڭجوۋغا بېرىپ، ئاخىر دېلونى پاش قىلىپ، زاۋۇتنى 100 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالغان. 1992 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى چۈشتە، ياڭ چېچۆەن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىش يولىدا، بىر مومايىنىڭ ۋېلسىپت سوقۇۋېتىپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان، ئۇ دەرھال مومايىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، ئۆزى پۇل چىقىرىپ مومايىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەرگەن، بارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ، مومايىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇيدۇرماي كېتىپ قالغان. شۇ يىلى، ياڭ چېچۆەننىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ قالغان، ئاچىسىنىڭمۇ پۇتى قايرىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ۋاقتى چىقمىغان، بۇنى تەشكىلگىمۇ ئېيتمىغان. يىللىق كادىرلار دەم ئېلىشىدا، ئۇ بىر كۈنمۇ دەم ئېلىپ باقمىغان. قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تارتمىسىدىن 12 پارچە دەم ئېلىشنى تولۇقلاپ ئېلىش تالونى بايقالغان، لېكىن ئۇ بىر تالونىمۇ ئىشلەتمىگەن.

1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سائەت 18دە، ياڭ چېچۆەن ئىشتىن چۈشۈپ تيەنچېڭ كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر يىگىتنىڭ قولىدا ھۆججەت سومكىسى ۋە نىلون خالتا كۆتۈرۈۋالغانلىقى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىغا بېرىپ سالاھىيىتىنى ئېيتىپ ئۇنى تەكشۈرگەن. بۇ يىگىت قېچىپ كەتمەكچى بولغاندا، ياڭ چېچۆەن ئۇنى تۇتۇۋالغان، يىگىت دەرھال يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ كەينى ـ كەينىدىن ئىككى پاي ئوق ئاتقان، ئوق ياڭ چېچۆەننىڭ باش قىسمىغا تەگكەن، ئۇ يارا ئېغىزىنى تۇتقىنىچە، ئاغرىققا چىداپ قارا نىيەتنى قۇچاقلىۋالغان، ئارقىدىن قارا نىيەت ئۇلاپ ئاتقان ئالتە پاي ئوق ئۇنىڭ باش قىسمى ۋە يۈرىكىگە تەگكەن. ياڭ چېچۆەن يەنىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارىتى بىلەن قارا نىيەتنى 30 نەچچە مېتىرغىچە قوغلاپ بېرىپ يىقىتقان، لېكىن ھالسىزلىنىپ قارا نىيەتنىڭ قېچىپ كېتىشىنى توسۇپ قېلىشقا ئامالسىز قالغان، يولدا 30 نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قان ئىزىنى قالدۇرۇپ، ئاخىر يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ياڭ چېچۆەنگە فوشەن شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «خەلقنىڭ قوغدىغۇچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلگەن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىنغان. 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ياڭ چېچۆەنگە «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

فوشەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ياڭ چېچۆەن خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، قوراللىق قەبىھ جىنايەتچى بىلەن قۇرۇق قول باتۇرانە ئېلىشىپ، قانلىق جەڭ قىلىپ 36 يېشىدا قۇربان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا ئەمما شانلىق ھاياتى ئارقىلىق، كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۆرەش قىلىش قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھاياتى ئارقىلىق قەھرىمانلىق مەدھىيە ناخشىسىنى پۈتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)